# ھەرەم ئىچىدە ئايال كىشىنىڭ ئەرلەر ئۆتۈپ تۇرسىمۇ تاھارەت يېڭىلىشى توغرىسىدا

تسأل عن تجديد وضوئها داخل الحرم رغم مرور الرجال

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >

## ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

240415 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

قىز-خانىملار ھەج ۋە ئۆمرە جەريانىدا، ھەرەم مەسجىدىدىن ھاجەتخانىغا بېرىپ-كېلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرەمنىڭ ئىچىدىكى ئاياللارغا خاس بولغان ئورۇنلاردا تاھارەت يېڭىلاشنى مەقسەت قىلسا قانداق قىلىدۇ؟، گەرچە بۇ ئورۇن ئاياللارغا خاس ئورۇن بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئەرلەر ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئىككى قولىنى يۇغاندا بىلەكلىرىنى ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ، بېشىغا مەسھە قىلغاندا پېشانىسى تەرەپكە مەسھە قىلىپ بېشىغا قولى بىلەن ياغلىقنىڭ ئۈستىدىن مەسھە قىلسا بولامدۇ؟، مۇشۇنداق ھالەتتە قىز-خانىملارنىڭ تاھارەتنى قانداق ئېلىش توغرىسىدا ئوچۇق چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئايال كىشى ئەرلەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئورۇندا تاھارەت ئېلىشقا قىستالغاندا، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەنە بىر ئايال ئۇنى جەينىماز ياكى ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن توسۇپ تۇرۇشى ياكى تاھارەت ئالغاندا ئېچىلىپ قالغان جايلىرىنى ئەرلەرنىڭ كۆرمەسلىكى ئۈچۈن ئۆتكەنلەرگە دۈمبىسىنى قىلىپ تاھارەت ئېلىشى كېرەك.

قولىنى يېڭىنىڭ ئىچىدىن چىقارمىغاندا، ئىككى قولىنى يۇغىلى بولمايدۇ، تاھارەتتە يۇيۇلىدىغان ئەزاغا سۇنى قۇيۇپ تولۇق يۇيۇش پەرز بولىدۇ، قولىنى يېڭىدىن چىقارمىغاندا تولۇق يۇغىلى بولمايدۇ.

بېشىغا مەسھە قىلىش مەسىلىسىدە، دەسلەپتە پېشانىسىگە مەسھە قىلىدۇ ئاندىن ياغلىقتىن ئۈستىدىن بېشىغا مەسھە قىلىدۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار

ئايالالارنىڭ ياغلىقىنىڭ ئۈستىگە مەسھە قىلىشقا رۇخسەت قىلغان بولۇپمۇ ئېھتىياجلىق بولغان ئەھۋالالاردا شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپراق مەلۇمات ئىلىش ئۈچۈن 139719 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئايالالارنىڭ ئالدىدىن چەككەن ياغلىق ئۈستىدىن مەسھە قىلىشى توغرىسىدا ئىككى خىل كۆزقاراش بولۇپ:

بىرىنچىسى: بۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ توغرىدا رۇخسەتنى بايان قىلغان دەلىللەر ئەرلەر توغرىسىدا ئىشەنچلىك، ئايالالار توغرىسىدا شەكلىك، چۈنكى ئايالالارنىڭ بېشىنى ئورىغان ياغلىقى ئۆلارنى نامەھرەمدىن ساقلايدىغان نەرسىدۇر.

ئىككىنچىسى: ئايالنىڭ ياغلىقىنىڭ ئۈستىدىن بېشىغا مەسھە قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىسىدە: «ئۆتۈككە ۋە ياغلىققا مەسھە قىلىڭلار» دېگەن، بۇ ھۆكۈم ئومۇم بولۇپ ئەرلەرگە ئەگەشتۈرۈپ ئايالالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خۇددى ئۆتۈككە مەسھە قىلىش ئەرلەرگە بايان قىلىنغان بولسىمۇ ئايالالارمۇ بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى مۇنزىر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۇنىڭ :«ياغلىقىنىڭ ئۈستىدىن بېشىغا مەسھە قىلغانلىقىنى» بايان قىلغان. ئەگەر ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھۆكۈم ئالمىغان بولسا ئىدى، ياغلىق ئۈستىدىن مەسھە قىلمىغان بولاتتى، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسىتىنى بەكرەك چۈشەنگەن كىشىلەر جۈملىسىدىندۇر.

باشقا مەسھە قىلىشتا ئەرلەرنىڭ باش كىيىمىنىڭ ئۈستىدىن مەسھە قىلىشى دۇرۇس بولغاندەك ئايالالارنىڭمۇ باش كېيىنىمىنىڭ ئۈستىگە مەسھە قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

ياغلىق بېشىنى ئوراش دۇرۇس بولغان باش كىيىمى بولۇپ، كۆپىنچە ئۇنى بېشىدىن ئىلىش قىيىن بولىدۇ، ئۇ ئەرلەرنىڭ بېشىغا چەككەن سەللىسىگە ئوخشايدۇ.

ئايالالارنىڭ باش ياغلىقى ئەرلەرنىڭ سەللىسىدىنمۇ بەكرەك باشنى يۆگەيدۇ، كۆپىنچە ئۇنى بېشىدىن ئىلىش قىيىن بولىدۇ، ئايالالارنىڭ بېشىغا مەسھە قىلىشقا

بولغان ئېھتىياجى ئاياغقا مەسىھ قىلىشتىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ". ["شەرھۇل ئۇمدە" ناملىق ئەسەرنىڭ تاھارەت بۆلۈمى 265-بەتتىن ئېلىندى].

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپراق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن 148129- 72391- 112171-نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com